# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي

16

پەيشەنبە

维吾尔文 4 月16日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25033 - سان بۈگۈن 4 بەت


## دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى سىڭدۈرۈش - يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشتا، مۇھىملىقى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلۇشتا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى، بۇ يىللىق پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى «ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قاراشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش». ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئورتاق تونۇشى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىر مۇھىم، زور پرىنسىپى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

## ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق — خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 8 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق — خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال» دېگەن مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىنسانىيەت — بىر تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى. ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقۇملۇق كېسەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى، يەر شارى ئاممىۋى ساھىيە بىخەتەرلىكىگە غايەت زور خىرىس ئېلىپ كەلدى. خەلقئارا جەمئىيەت ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئىشەنچنى چىڭتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مەيدان ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن بولغان كۈرىشىدە غەلىبە قىلىش. بىز جايا - مۇشەققەتتە بىللە بولساقلا، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولساقلا، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى كۈتۈۋالالايمىز!

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، يۇقۇم ئىرق ئايرىمايدۇ. ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت پەقەت ئورتاق تىرىشقاندىلا، ئاندىن جەڭدە غەلىبە قىلالايدۇ. ئىقتىساد يەرشارىلىشىۋاتقان دەۋردە، بۇنداق ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق بولۇپ قالمايدۇ، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرى يەنە ئۈزۈلۈكسىز يېڭى سىناقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ مەيدان يەر شارى ئاممىۋى ساھىيە كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. پەقەت ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشقاندىلا، قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرغاندىلا، خەلقئارا جەمئىيەت ئاندىن يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق يۇرت - ماكانىنى قوغدىيالايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۇقتۇرۇش»نىڭ تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، مەنبەدىن تۈزەش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىنى شەكىلۋازلىقنىڭ چۈشەپ قويۇشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىشنى چوڭقۇر تونۇش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشتىكى مۇھىم تەدبىر، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەتقىق قىلىندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈنجى قېتىم نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن تۇنجى تۈركۈمدە تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسلەرگە تەكلىپنامە تارقىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش جەريانىدا ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى قوللاش ھەرىكەت لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي**نىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى، شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىك ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە بىڭتۈەن يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى قوللاش ھەرىكەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئىناۋەتلىك قەرز ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق يەتتە جەھەتتىن 19 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە بايلىقىنىڭ ئېغىر نامرات رايونلارغا مايىللىشىش سالمىقىنى زورايتىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دىققەتنى كەسىپ تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىناۋەتلىك قەرز ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. بىرىنچى، نامراتلارنى يۆلەش تەكرار قەرز پۇلىنى تولۇق ئىشلىتىش، ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، بولۇپمۇ ۋۇسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنىدىغان ئون ناھىيەگە مايىللىشىش سالمىقىنى زورايتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



تۇرنىلار يايلاقتا ئۇسسۇلغا چۈشتى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، لەيلىلەك تۇرنىلار باركۆل يايلىقى ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتا. يېقىندا، 10 مىڭدىن ئارتۇق لەيلىلەك تۇرنا باركۆل يايلىقىدىكى سۇلۇق يەرگە كېلىپ ماكانلاشتى. □ داۋۇت رىشات فوتوسى

## ئۆتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى %98.88كە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلاردىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلەرنىڭ سانى ۋە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى 167 مىڭ 800 يەنى %91.31تىن 230 مىڭ 500گە كۆپىيىپ %98.88كە ئۆرلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى %100كە يەتكەن.

گۇما ناھىيەسىدىكى خوتەن خەيلو قېلىپلاشقان ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولدى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى يۈ جاۋيۇ تېلېفوندا مۇنداق دېدى: «بۇ مەزگىلدە، شىركەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تۇرالغۇ ئامانەت فوندى ھەمدە توك پۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە جەمئىي 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىش ۋە ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئەتىيازدا چېچەك سەيلىسى قىلىش يازدا سالقىنداش كۈزدە مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش قىشتا يېزا قىزىقارلىق پائالىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش

## ئاپتونوم رايونىمىز ئىستراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەر ئاغدۇرۇش مەشىنىسى ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شۈيشىگۇ بازىرى كىچىك دۇڭگۇ كەنتىدىكى ئېتىزدا گۈرۈلدىدى، بىر قىش ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان يەر ئاغدۇرۇلدى. «بۇ يىل، كەنتىمىز 1100 مودىن ئارتۇق يەرگە بىدە، قىزىل پۇرچاق، سۇدان ئوتى قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ.» بۇ كەنتنىڭ كەنت كومىتېت مۇدىرى ۋاڭ يۈفۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بىدە قاتارلىقلار چېچەكلىگەندە كۆز يەتكۈسىز «گۈل دېڭىزى»غا جور بولۇپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچى جەلپ قىلىنىدىكەن.

2017 - يىلىدىن باشلاپ، كىچىك دۇڭگۇ كەنتى ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى بەرپا قىلىش پۇرسىتىنى پايال تېزدىن تۇتۇپ، يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)